# بايىنغولىن ئوبلاستى گۈزەل يېزا ـ كەنت بېگى يېڭى ئۆگىمە رەسىمنى سىزىپ چىقتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەنتنىڭ ئاسفالت يوللىرى نېمدېگەن پاكىز، يەنە چىرايلىق يول چىراغلىرىمۇ ئورنىتىلدى، ھەممە ئائىلىنىڭ تۇرمۇش رايونى، تېرىقچىلىق رايونى ۋە باقمىچىلىق رايونى ئايرىلغان بولۇپ، رەتلىك، پاكىز!»

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ شىگشىن بازىرى خوراتاغ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش»خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزاسى ياڭ جىڭ مۇخبىرلارغا بۇ كەنتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى تونۇشتۇرغاندا ناھايىتى ھاياجانلاندى. خوراتاغ كەنتىنىڭ كەنت قىياپىتىدە بۇنچە زور ئۆزگىرىش بولۇشىنىڭ ئارقىسىدا، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قەتئىي ئىرادىسى بىلەن كۈچلۈك ھەرىكىتى بار.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بايىنغولىن ئوبلاستى گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ئاساسەن، جېجياڭنىڭ «1000، 10 مىڭ قۇرۇلۇشى» تەجرىبىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، «100 كەنتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، ھەممە كەنتنى تۈزەش» قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسى، ئادەم كۈچى، مەبلەغ سېلىنمىسى، خىزمەت ئۈنۈمىدىن ئىبارەت «تۆتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىدا، يىرىك پىلان ئارقىلىق يېتەكلەش يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئىلمىي پىلانلاش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر كەنتتە بىر مەھسۇلات، بىر كەنتتە بىر مەنزىرە بولۇش» تەرەققىيات پىكىر يولى بېكىتىپ، ناھىيە، يېزا ـ بازار، كەنت، ئائىلىدىن ئىبارەت «تۆت دەرىجە بىرلىشىپ بەرپا قىلىش»تا چىڭ تۇردى، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى، كەسىپ تەرەققىياتى، كەنت ـ مەھەللىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يەردىن پايدىلىنىش، ئۇل ئەسلىھە، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چۆرىدەپ، كەنت ـ مەھەللە قۇرۇلۇشى يىرىك پىلاننى تۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تەشكىللىدى، نۆۋەتتە پۈتۈن ئوبلاستتىكى بارلىق مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ يىرىك پىلان تۈزۈش بويىچە قاپلىنىش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

ھەممە ئائىلىدە پاكىز ھاجەتخانا بولۇش قاتارلىق ھويلا ئىچى، ھويلا سىرتىدىكى «ئالتە ئىش»نى تۇتقا قىلىپ، يېزا ـ كەنتلەردە ھويلا ـ ئارانلاردىكى تۇرمۇش رايونى، تېرىقچىلىق رايونى، باقمىچىلىق رايونىدىن ئىبارەت «ئۈچ رايوننى ئايرىش»نى يولغا قويۇپ، گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى پەلەمپەيسىمان ئالغا سىلجىتىپ، 2020 ـ يىلغا بارغاندا پۈتۈن ئوبلاستتىكى 405 مەمۇرىي كەنتنىڭ «ھەممە كەنتنى تۈزەش» خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملىشىغا، 100 ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتىدە بەرپا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندۇ. مۇشۇ ئاساستا، 2022 ـ يىلىغا بارغاندا 50تىن ئارتۇق سەرخىل كەنت بەرپا قىلىپ، بىر تۈركۈم «پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى گۈزەل، كەنت قىياپىتى رەتلىك، پاكىز، مۇھىتى گۈزەل، ئىگىلىك تىكلىگەن، كىرىمى ئاشقان، تۇرمۇشى گۈزەل، يېزا ئىستىلى مەدەنىي، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە گۈزەل»بولغان گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇپ چىقىدۇ.

«كىمنىڭ ھويلا ـ ئارانلىرى پاكىز بولسا شۇ ئائىلىنى ماختايمىز» دېدى لوپنۇر ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ شىڭپىڭ بازىرى داشى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى لى يەنفېڭ. گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇشتا، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى ھەرقايسى جايلار ئاشكارا باھالاش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. نۆۋەتتە، 86.6% مەمۇرىي كەنت يېزىلاردىكى ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى كەنت قائىدىسى، پۇقرالار ئەھدىنامىسىگە كىرگۈزدى، بارغانسېرى كۆپ دېھقان يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى.

ھازىرغىچە، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى يېزا ـ بازار، كەنتلەردە ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل ھاجەتخانىدىن 185 مىڭ 300ى بولۇپ، يېزىلارنىڭ ئاممىۋى ھاجەتخانا بىلەن تولۇق قاپلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ 258 مەمۇرىي كەنتتە ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسى تاماملاندى؛ 98 مەمۇرىي كەنتتە يۇندى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىندى؛ 132 يېزا مۇھىتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش تۈرى 250 كەنتتىكى 279 مىڭ كىشىگە نەپ يەتكۈزدى.

بايىنغولىن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 2020 ـ يىلىغا بارغاندا، پۈتۈن ئوبلاست بويىچە يېزىلاردا پاكىز ھاجەتخانىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 55%تىن ئاشۇرۇلىدىكەن، 70%تىن ئارتۇق كەنتتە تۇرمۇش ئەخلەتلىرى، يېزا يۇندىسىنى ئۈنۈملۈك تۈزەش ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە، بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى يېزا ـ كەنتلەردە رەتلىك، پاكىز ئاسفالت يوللار كەنت، ئائىلىلەرگىچە تۇتاشتۇرۇلدى، يورۇق يول چىراغلىرى كەنتنىڭ ھەربىر كېچىسىنى يورۇتتى، مۇھىت تازىلىقىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۈنۈملۈك ياخشىلاندى، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش جەريانىدا، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى.




# دۇ فېڭرۇي: «تۆمۈر قوزۇق ياردەمچى ئايروپىلان» ئارقىلىق يىراق كۆكنى تىترىتىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجوۋ، 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى پېڭ)** جەنۇبىي خېنەننىڭ فاڭچېڭ ناھىيەسىدە، كۈندە كۆككۆم چۈشىشى بىلەن ئاساسىي يول بولغان «فېڭرۇي يولى»نىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇرۇش ئايروپىلانى شەكلىدىكى يول چىراغلىرى ۋاقتىدا يېنىپ، كېچىدە ئاجايىپ يارقىن كۆرۈنىدۇ. بۇ يەر دەل ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ داڭلىق ئۇرۇش قەھرىمانى — «تۆمۈر قوزۇق ياردەمچى ئايروپىلان» دۇ فېڭرۇينىڭ يۇرتى.


دۇ فېڭرۇينىڭ سۈرىتى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

دۇ فېڭرۇي، 1933 ـ يىلى تۇغۇلغان، خېنەن فاڭچېڭدىن. نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ئۇ باللىق چاغلىرىدا تىلەمچىلىك، سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن، كېيىن پومېشچىككە يىللىقچى بولۇپ، جاھاننىڭ جاپاسىنى يەتكۈچە تارتقان. كونا جەمئىيەتكە بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكى ۋە يېڭى تۇرمۇشقا بولغان گۈزەل ئارزۇلىرى بىلەن، دۇ فېڭرۇي 1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان. 1956 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

ئارمىيەگە قاتناشقاندىن كېيىن، دۇ فېڭرۇينىڭ سىنىپىي ئاڭلىقلىقى تېز ئۆسكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان: بىر ئىنقىلابچى قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان ئىنقىلابىي كىشىلىك ھايات قارىشىنى بېكىتىش ئۈچۈن جەزمەن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ھەممە جايدا پارتىيەنىڭ مەنپەئەتى ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىشى، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەسلىكى، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇش خىسلىتىگە ئىگە بولۇشى، پارتىيە مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى، ھەتتا ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلالىشى كېرەك.

دۇ فېڭرۇي ئۇرۇشتا پاراسەتلىك، قەيسەر بولۇپ، قۇربان بولۇشتىن قورقمىغان. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئۇ تۇنجى قېتىم خېنەن نەنياڭدىكى بەيخې ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، شەرەپ بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەن. 1952 ـ يىلى، يۈەننەندە باندىتلارنى تازىلاش ئۇرۇشىدا كاناپچى بولۇپ، كېسەل ھالەتتە ۋەزىپىنى قالتىس ياخشى ئورۇنداپ، بىر قېتىم 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا، ھاۋا ئارمىيە قىسمى ئاۋىياتسىيە مەكتىپىنىڭ ئۈچقۇچىلىقىغا يۆتكەلگەن.

ئۆگىنىش مەزگىلىدە، پىدائىي قىسىمدىكى ئۈچقۇچى قەھرىمانلارنى ئۈلگە قىلىپ، مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ئاۋىياتسىيە نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىپ، ئۈچۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ كۈندۈزدە دەرسلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ خاتىرە قالدۇرسا، كەچتە چىراغ ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ھاجەتخانىدا چىراغ يورۇقىدا يازغان خاتىرىسىنى كۆرگەن. كېيىن مەكتەپ بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ سالامەتلىكىدىن چاتاق چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ كېچىدە ئۆگىنىشىگە رۇخسەت قىلمىغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ قولچىراغ سېتىۋېلىپ، يوتقان ئىچىدە قولچىراغ ياندۇرۇپ يوشۇرۇن ئۆگەنگەن. ئۇ ئىجتىھات بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەچكە، ئوقۇش تاماملاش ئىمتىھانىدا ھەممىدە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن.

ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، دۇ فېڭرۇي ھاۋا ئارمىيە ئۈچقۇچىلار قىسمىغا تەقسىم قىلىنغان، ئەستايىدىل مەشىق قىلىپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەچكە، ئۈچۈش تېخنىكىسى تېز ئۆسكەن. 1957 ـ يىلى ئەلا قارىغا ئالغۇچى بولۇپ باھالىنىپ، «تۆمۈر قوزۇق ياردەمچى ئايروپىلان» دەپ تەرىپلەنگەن.

1958 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، دۇ فېڭرۇي تۇرۇشلۇق ئۈچقۇچىلار ئوتتۇرا ئەترەتى فۇجيەن لۇڭتيەن ھاۋا بوشلۇقىدا، چوڭ قۇرۇقلۇقتا بۆسۈپ كىرگەن تەيۋەن گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئالتە ئايروپىلانى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلغان. ئۇ 4 ـ نومۇرلۇق ئايروپىلاننى ھەيدەپ، يېتەكچى ئايروپىلانغا ئەگىشىپ گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئايروپىلان توپى ئارىسىغا كىرگەن، F–86 بەلگىلىك ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ ئارقا تەرەپتىن يوشۇرۇن كېلىپ يېتەكچى ئايروپىلانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، تېزدىن ماي كىلاپىنىنى دەسسەپ، ئالدى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، بىر قېتىمدىلا ئۇنى پاچاقلاپ تاشلىغان. يېتەكچى ئايروپىلان خەتەردىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى دۈشمەننىڭ تۆت ئايروپىلانىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قېلىپ، ئايروپىلانىنىڭ تېگى زەربىگە ئۇچراپ، بېشى زەخمىلەنگەن. خەتەرلىك پەيتتە، ئۇ قىلچىمۇ قورقماستىن، ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، زەخمىلەنگەن ئايروپىلاننى ھەيدەپ، قارشى تەرەپنىڭ بىر ئايروپىلانىنى نىشانلاپ توختىماي قوغلاپ، 12 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىن يەر يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىزلىككىچە قوغلاپ ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى پاچاقلاپ تاشلىغان. ئايروپىلانىنى ئۈچۈرۈپ داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، ئايروپىلانىنىڭ تېگى ئېغىر دەرىجىدە زەخمىلەنگەنلىك سەۋەبلىك مەشغۇلات قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ پاراشوت بىلەن سەكرەشكە مەجبۇر بولغان. يەر يۈزىگە چۈشەي دېگەندە دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ مەردانىلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئارانلا 25 ياش ئىدى.

شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھاۋا ئارمىيە سىياسىي بۆلۈمى ئۇنى 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان. 1964 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ھاۋا ئارمىيە رەھبەرلىك ئورگىنى ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان ئوتتۇرا ئەترەتكە «دۇ فېڭرۇي ئوتتۇرا ئەترىتى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن.

دۇ فېڭرۇي قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە روھىنى خاتىرىلەش ھەم ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن فاڭچېڭ ناھىيەسى دۇ فېڭرۇي خاتىرە سارىيى سالغان ھەم ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسىي كوچىسىغا فېڭرۇي يولى دەپ نام بەرگەن، ناھىيە بازىرىدىكى ئەڭ چوڭ مەيدانغا فېڭرۇي مەيدانى، دەپ نام بەرگەن، ناھىيە بازىرىدىكى دۇڭگۇەنگە فېڭرۇي ئىش باشقارمىسى دەپ نام بەرگەن، شۇنداقلا قەھرىماننىڭ يۇرتى جاۋۋا كەنتىنى فېڭرۇي كەنتى دەپ ئۆزگەرتكەن، كەنت ئوتتۇرا مەكتىپىنى فېڭرۇي ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتكەن.

60 نەچچە يىلدىن بۇيان، دۇ فېڭرۇينىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيەلەش توختاپ قالمىدى. فاڭچېڭ ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ جياۋداۋيۈەنى ما چېڭسى ئۇدا 30 يىل دۇ فېڭرۇينىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى قېزىپ، 70 پارچىگە يېقىن يۈرۈشلۈك خەۋەر يازدى. دۇ فېڭرۇينىڭ بىر قورساق قېرىندىشى دۇ فېڭجيا بوۋاي قىسىم ۋە مەكتەپلەرگە بېرىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيەسىگە ئاتلىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 100 نەچچە مىڭ ئاڭلىغۇچىغا 200 مەيداندىن كۆپرەك دوكلات بەردى. دۇ فېڭرۇي خاتىرە سارىيىغا قويۇلغان «دۇ فېڭرۇينىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانى» 30 نەچچە يىلدىن بۇيان «كۈتۈۋالغان مېھمانلار» 3 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى.

بۈگۈنكى كۈندە، فاڭچېڭ ناھىيەسى «ئۈچقۇچىلار بۆشۈكى» دېگەن نام بىلەن داڭ چىقاردى. فاڭچېڭ ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئىنقىلابىي قۇربان دۇ فېڭرۇينىڭ تەسىرىدە، فاڭچېڭ ناھىيەسىدە ئۇدا 20 نەچچە يىل «ئارمىيەگە قاتنىشىش» قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ھەربىي مەكتەپلەرگە 1000غا يېقىن ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 142سى ئۈچقۇچى.

# ئوت ئۆچۈرۈش قەھرىمانى: شياڭ شيۇلى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى شيۇڭيېڭ)** «شياڭ شيۇلى ئوچۇق ـ يورۇق، خەۋپ ـ خەتەرگە قىلچە پىسەنت قىلمايدۇ؛ تەيشەن تېغىدەك دۇرۇس، ئۇنىڭ خىسلىتى ھەممىگە ئۈلگە بولالايدۇ.» بۇ يولداش لىن بوچۈنىڭ دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى قۇتقۇزۇش، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان ئايال كومپارتىيە ئەزاسى شياڭ شيۇلىغا يازغان بېغىشلىمىسى.

شياڭ شيۇلى 1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گۇاڭجوۋ شەھىرىدە بىر نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شياڭ شيۇلى گۇاڭجوۋ شەھەرلىك خې جىگۇاڭ دورا زاۋۇتىدا خىزمەت قىلغان.

1958 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كەچتە، شياڭ شيۇلى بىلەن باشقا ئىككى ياش ئايال ئىشچى لو شيۇمىڭ، سەي جيۇمېي دورا زاۋۇتىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدىكى خىمىيە سانائىتى سېخىدا ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ، خىمىيەۋى دورا «مېتىل تىئۇئۇراسىل» نى ياساۋاتاتتى. ئەينى چاغدا، لو شيۇمىڭ ساپ ئېغىرلىقى 25 كىلوگرام كېلىدىغان بىر بوتۇلكا سۇسىز ئىسپىرتنى ئۆلچەش ئىستاكانغا قۇيماقچى بولغاندا، شياڭ شيۇلى ئۇنىڭ كۆتۈرەلمەي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ياردەم بەرمەكچى بولغان. بىراق شياڭ شيۇلى ئۈچىنچى ئىستاكانغا ئىسپىرت قۇيۇشقا باشلىغاندا، بارغانسېرى قىيسىيىۋاتقان بوتۇلكىنىڭ گەۋدىسى تۇيۇقسىز تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ، يەرگە چۈشۈپ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن.

20 نەچچە كىلوگرام ئىسپىرت ئېقىپ چىقىپ، سېختىكى چوغدەك قىزارغان ئوت مەشكە قاراپ ئېقىشقا باشلىغان. مەشنىڭ ھارارىتى بىلەن ئۈچرىشىدىغانلا بولسا، ئىسپىرت شۇ ھامان ئوت ئېلىپ، سېخ ئىچى ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى شۇكى، 60 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى يەتتە تۇڭ كىرسىنغا چىلانغان مېتال ناترىي ئىسپىرت ئېقىۋاتقان جايغا تۆت مېتىرمۇ كەلمەيدىغان يەرگە قويۇلغانىدى، مېتال ناترىي سۇغا ياكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا يولۇقسا دەرھال پارتلايتتى. ئۇ چاغدا، پۈتكۈل زاۋۇت ۋەيران بولۇپلا قالماي، يەنە يۇقىرى ـ تۆۋەن توققۇز سودا رايونىدىكى دۇكان، ئاھالە، مەكتەپلەرگە خەۋپ يېتەتتى.

شياڭ شيۇلى ئۆزىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، باش كىيىمى، پەرتۇقى بىلەن ئىسپىرتنى يىغىپ، ئوتنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسقان. ئوت ئۇنىڭ باش كىيىمى، پەرتۇقنى كۆيدۈرگەن، شياڭ شيۇلى ھېچنېمىنى ئويلىماي، بىۋاستە ئىككى قولنى سۇنۇپ ئىسپىرتنىڭ مېتال ناترىيغا قاراپ ئېقىشىنى توسقان. ئوت تېز سۈرئەتتە ئۇلغىيىپ، مېتال ناترىيدىن ئاق ئىس كۆتۈرۈلگەن. شياڭ شيۇلى شىددەت بىلەن يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۆزىنىڭ بەدىنى بىلەن شىددەتلىك ئوت يالقۇنىنى توسقان.

ئوت ئاخىر ئاۋازنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن ئىشچىلار تەرىپىدىن ئۆچۈرۈۋېلىنغان، ئەمما شياڭ شيۇلىنىڭ تۆۋەنكى بەدىنى ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ يارىلىنىپ، ئىككى پۇتى قېتىپ قېلىپ ئېگىلمەي قالغان، تىز سۆڭىكى كۆرۈنەيلا دەپ قالغان.

دوختۇرخانىدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ھوشسىز ياتقاندىن كېيىن، شياڭ شيۇلى ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلگەن. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا: «مېتال ناترىي پارتلىدىمۇ؟ زاۋۇتتا زىيان كۆرۈلدىمۇ؟ لو شيۇمىڭ يارىلاندىمۇ؟» دەپ سورىغان.

دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە، شياڭ شيۇلى ئادەتتىن تاشقىرى ئىرادە بىلەن ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بەرگەن. ھەر قېتىم چىرىگەن گۆشنى كېسىپ تاشلىغاندا، تېرە كۆچۈرگەندە، قان سالغاندا، ئوكۇل ئۇرغاندا داۋالاش خادىملىرى ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالماي قالغان. ھەر قېتىملىق داۋالاشتا شياڭ شيۇلى قەيسەرلىك بىلەن چىشىنى چىشلەپ نالە قىلمىغان. بەزىدە پەقەتلا چىدىمىغاندا، ئۇ داۋالاش خادىملىرىغا پاتېفوننى ئاچقۇزۇپ، ناخشا ئاۋازى بىلەن ئۆزىنىڭ نالىسىنى بېسىۋەتكەن. دوختۇرخانا بارلىق ئاماللار بىلەن قۇتقۇزغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا شياڭ شيۇلىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزالمىغان. ئوت ئاپەتتى يۈز بېرىپ 33 كۈندىن كېيىن، شياڭ شيۇلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

شياڭ شيۇلى شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى تەسىرى كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيگەن. نۇرغۇن زاۋۇت، مەكتەپلەر شياڭ شيۇلىغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى، ئىش ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى گۇاڭجوۋ شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار گۇاڭجوۋ شەھىرىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنى شياڭ شيۇلىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئۆگىنىشكە چاقىرغان. لىن بوچۈ، دۇڭ بىۋۇ، گو مورو قاتارلىق يولداشلار شياڭ شيۇلىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېغىشلىما يازغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)